2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

# جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش بۇرچىنى جەزمەن ئادا قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇقىملاشتۇردى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن چېكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش... بۇ يىل ئىككى يىغىندا بىر قاتار «كۈچلۈك، يادرولۇق» تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا جۇڭگونىڭ قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئەمەلىي تەدبىرلىرى كۆرسىتىلدى.

«جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئىنىقلىق قوشۇۋاتىدۇ.» شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، ۋەكىل جاڭ جاۋئەن مۇنداق دېدى: مەيلى «ھەقىقىي ئالتۇن ـ كۈمۈش» بولغان باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش بولسۇن، ياكى بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش بولسۇن، ئىككى يىغىن بازارغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشەنچ تارقاتتى.

كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماسلىشىش جەريانىدىكى تۈرلۈك توسۇق نۇقتىلار كارخانىچى ۋەكىللەر، ئەزالار كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا بولدى.

«كەسىپ زەنجىرىنىڭ بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپلىرى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى.» جېڭتەي گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى، ئەزا نەن سۈنخۇي مۇنداق دېدى: تۈرلۈك سىياسەتلەر سىجىل كۈچىنى كۆرسەتكەندە، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك يۆلىگىلى بولىدۇ.

كەسكىن خىرىس ئارقا كۆرۈنۈشىدە، مۈشكۈل، ئېغىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى ئالدىدا، بۇ قېتىمقى ئالاھىدە ئىككى يىغىندا كەڭ ئورتاق تونۇش توپلاندى، قۇدرەتلىك ئىشەنچ، كۈچ مۇجەسسەملەندى.

«يۇقۇم شارائىتىدا پۈتۈن يەر شارى بويىچە مەبلەغ، ئۈچۈر، تېخنىكا، سانلىق مەلۇمات قاتارلىق مۇھىم ئامىل بايلىقلىرىنىڭ شاڭخەيگە جۇغلىنىش يۈزلىنىشى ئۆزگەرمىدى.» شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ۋەكىل چېن مىڭبو مۇنداق دېدى: ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، شاڭخەي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولماقتا.

بۇ يىل 1 ـ پەسلىدە، شاڭخەيدە ئەمەلىي نەقلەشكەن چەت ئەل مەبلىغى 4 مىليارد 669 مىليون دوللار بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %4.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ ئايدا %20.8 ئېشىپ، ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە يۈكسىلىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى.

«قانچە قىيىنچىلىق بولغانسېرى شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇش كېرەك!» جۇڭگو نېفتى لياۋياڭ نېفت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، ۋەكىل بەي شۈفېڭ مۇنداق دېدى: «قىيىنچىلىق لياۋياڭ نېفت خىمىيە سانائىتى شىركىتىدىكىلەرنى باش ئەگدۈرەلمىدى، بەلكى مىسلىسىز غەيرەتكە كېلىشكە ئىلھاملاندۇردى، بىز بىر كۈننى ئىككى كۈنگە تەڭ قىلىپ ئىشلەپ، بىر پۈتنى ئىككىگە بۆلۈپ خەجلەپ، 1 ـ پەسلىدىكى زىياننى قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشىمىز».

10 مىڭدىن ئارتۇق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، لياۋياڭ نېفت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ 4 ـ ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش يۈك مىقدارى %90كە يەتتى، 5 ـ ئايدا %100لىك نورمىسىغا يەتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «بىزنىڭ پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تولۇق ئىشەنچىمىز بار» دېدى ئۇ.

## ئىرادە — بىزنىڭ نىشانىمىز چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ

چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن يۈزلىنىشنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

پۈتۈن ۋەزىيەتكە قارايدىغان بولساق، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى —

پەنجىن لياۋدۇڭ قولتۇقىدا، قويۇق ئورماندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارەدەك كرانلار ئارىسىدا يۈك ئاپتوموبىللىرى موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، بىر يېڭى نېفت خىمىيە سانائىتى بازىسى قەد كۆتۈرمەكتە ئىدى. بۇ يىل 3 ـ ئايدا، دۇنيا خىمىيە سانائىتى ماگناتى لىيونديېلباسېل سانائەت شىركىتى قەرەلدە مەبلەغ سېلىپ، ئومۇمىي سېلىنمىسى 10 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق بولغان چوڭ تىپتىكى نېفت خىمىيە سانائىتى تۈرىنى تېز ئالغا سىلجىتماقتا.

«بازار ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ ئېنىشىدىكى ئەڭ قىس، كەمچىل بايلىق، ھەرقانداق ئىدراكىي مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان جۇڭگو بازىرىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.» مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ياڭ ۋېيمىن مۇنداق دېدى: بىزدە غايەت زور بازار بوشلۇقى، 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار چوڭ بازار بار، ئومۇمىي خەلق ۋە تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت غايەت زور پاراخوت چوقۇم يوشۇرۇن خادا تاش، خەتەرلىك ساھىللارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى چۆرىدەپ بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدىكى مەزمۇن ناھايىتى چوڭ سەھىپىنى ئىگىلىدى. «بىز 100 مىليوندىن كۆپرەك بازار سۇبيېكتىغا ئىگە.» دۇڭبېي داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، ئەزا جاۋ جى مۇنداق دېدى: ئالدىنقى مەزگىلدىكى خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرگەندە، بۇ بىر يۈرۈش سىياسەت بىرىكمە مۇشتى بازار سۇبيېكتىنى ساقلاپ قالسىلا، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى ئۈنۈملۈك مۇقىملاشتۇرالايدۇ.

كەلگۈسى پىلان تۈزۈلدى، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى جۇش ئۇردى —

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىپ تارقىتىلدى... جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش قەدىمى قەتئىي، كۈچلۈك بولدى.

«قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، سودا ۋە سېلىنمىنىڭ ئەركىنلىشىشى، قولايلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش... ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات قويۇپ بەرگەن ئىسلاھات سىگنالى روشەن بولدى.

«بازار ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشنىڭ تولۇق شەرتى، ئىسلاھات ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى.» ياڭ ۋېيمىن مۇنداق قاردى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، 1 مىليارد 400 مىليون كىشىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاتقاندىلا، 100 مىليوندىن كۆپرەك بازار سۇبيېكتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئاكتىپلىقىنى قوزغاتقاندىلا، چوقۇم ھەممىلا ئىشتا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

تۈپ جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىش تۈزۈم ئەۋزەللىكى كۈنسېرى گەۋدىلەنمەكتە —

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يۇقۇم ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، جۇڭگو تېبابەت پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىيە باشلىقى، ئەزا ۋاڭ چېن قارشى يۆنىلىشتە ۋۇخەنگە ئاتلىنىپ، شۇ كەتكىنچە ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇردى.

«تۈزۈم ئەۋزەللىكى بىزنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى.» ۋاڭ چېن بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، «بىز ئېغىر، زور خىرىسقا دۇچ كەلگەندە، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بارلىق بايلىقنى مۇجەسسەملەپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى قوزغاپ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايمىز».

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، دابيېشەن مەركىزىنى ئۇتتاش ئالاھىدە نامرات رايونلاردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ناھىيە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، ئەنخۇي ئۆلكىسى لىيۇئەن شەھىرى رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق بىلەن خوشلاشتى.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگو تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، بۇمۇ بىزنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى.» لىيۇئەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، ۋەكىل سۇن شۆلۇڭ مۇنداق دېدى: تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرسەك، بىزدە چەكسىز كۈچ بولىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

## قەتئىي ئىرادە — جەزمەن چېنىقىش جەريانىدا ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ

ئىشەنچنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش، كۈچنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش، بۇ يىلقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن كۆللىنىش مۇساپىسىدە يېڭى كوردىناتنى بېكىتىدۇ.

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش —

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش 39 قېتىم تىلغا ئېلىنىدى، ئىككى «1 تىرىليون يۈەن» شەھەر، ناھىيە ئاساسىي قاتلاملىرىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلدى، كارخانىلار ۋە خەلق بىۋاسىتە مەنپەئەتلەندى... دۆلەت ھەقىقىي ئالتۇن، كۈمۈش چىقاردى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر سىياسەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، نەنجىڭ شەھىرى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى چۆرىدەپ 40 تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، مەسىلەن، پۈتۈن يىلدا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە يۈزلىنىپ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە يۈزلىنىپ 5000دىن كەم بولمىغان ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان 14 مىڭ كىشىگە ياردەم قىلىش...

نەنجىڭ شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى، ۋەكىل خەن لىمىڭ مۇنداق دېدى: «ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا ئەستايىدىل بولۇش، ئىنچىكە ئىشلەش، راست دەپ بىلىشتەك ئەمەلىي ئىشلەش روھى بولۇپ، كەم ـ كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىغا ئېلىپلىق ۋە سالماقنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇش كېرەك».

يېڭى پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، يېڭى بوشلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش —

جياڭسۇ شۇجوۋدا، شۇگۇك بېتون ماشىنىسازلىق كەسىپ بازىسىدا ئىش ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. 1 ـ پەسلىدە شۇگۇڭنىڭ ئېكسپورت، سېتىش مىقدارى %50تىن ئېشىپ، ساھە ئېكسپورتىدا بىرىنچىلىكنى داۋاملىق ساقلىدى.

شۇگۇڭ گۇرۇھىدىن كەلگەن ۋەكىل يەن لىجۈەن مۇنداق دېدى: يېڭى ئۇل قۇرۇلۇشى چوڭ پۇرسەتنى تۇتۇپ، كارخانا يېڭى تىپتىكى رەقەملەشكەن ئۇل ئەسلىھەلەرنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ، كارخانىنىڭ تىپ ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، پۈتكۈل ساھەگە كۈچ قوشتى.

يېڭى ئۇل قۇرۇلۇشىنى باشلاش، يېڭى ئەندىزە يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭى بۆسۈشكە تۈرتكە بولۇش، يېڭى بوشلۇقنى ئېچىش... پۈتمەس ـ تۈگىمەس يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى توپلىماقتا.

جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى لياۋنىڭ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، ۋەكىل لاڭ كۈيپىڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇم «5G+يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش» «5G+ئاقىل داۋالاش» قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈردى، يېڭى ئۇل قۇرۇلۇشى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. «كرىزىس ئىچىدە پۇرسەت بار، خەۋەرلىشىش تىجارىتى سودىگەرلىرى يېڭى ئۇل قۇرۇلۇشىغا كۆچەپ، رەقەملىك ئىقتىساد ئۈچۈن ‹تېزلىتىش كۇنۇپكىسى›نى بېسىشى كېرەك».

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش —

ئىككى يىغىندا، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ساڭشى ناھىيەسى بەيبى بازىرى شېيۈن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ۋەكىل لى جۈننىڭ ئەڭ كۆپ تىلغا ئالغىنى، ئۇلارنىڭ كەنتىنىڭ دوۋيىن بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۈيى بولدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئالاقە تورى تېز پۇيىزىغا ئولتۇرۇپ، بىر مەزگىل نامراتلىقتىن «ھەممىسى كەپە ئۆي»لۈك كەنت مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 2019 ـ يىلىغا كەلگەندە، كەنتتىكى 264 ئائىلىدىن 153 ئائىلە كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋالدى.

يان تېلېفون «يېڭى دېھقانچىلىق سايمىنى»غا ئايلاندى، بىۋاسىتە كۆرسىتىش «يېڭى دېھقانچىلىق ئىشى»غا ئايلاندى، دېھقانلارنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولى ماڭغانسېرى كېڭەيدى. لى جۈن شېيۈن كەنتىنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاشقا باشلىدى، «كەنتتە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئوبوروت مەركىزى قۇرىمىز، چېگىدۇننىڭ ئاۋات سودا جەمبىرىكىدە دۇكان ئاچىمىز...»

ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كۈچەش باسقۇچىغا كەلدى. پەقەت ئىشەنچنى چىڭتىپ، بوشاشماي كۆرەش قىلغاندىلا، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كېيىنكى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا ئاساس سالغىلى، يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

«كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىق بىزنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ.» جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يىشىڭ شەھىرى شىجۇ بازىرى بەيتا كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ۋەكىل ئوۋياڭ خۇا مۇنداق دېدى: «ئۆزىمىزنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ئارزۇيىمىز جەزمەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ».

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چۆرىدەپ مۇزاكىرە قىلدى. ئەزالار مۇنداق قاردى: ئىككى ئالىي مەھكىمىنىڭ دوكلاتىدا دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتى زىچ چۆرىدىلىپ، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن سوت قىلىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى فۇنكسىيەسى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىنىپ، كىشىلەرگە جەمئىيەت ئادىللىقىنىڭ نامايان قىلىنغانلىقى، ھەققانىيلىقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى ھەققىي ھېس قىلدۇرۇلۇپتۇ.

شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ساھەنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.

ئەزا نيۇ رۇجى مۇنداق دېدى: ئىككى ئالىي مەھكىمە دوكلاتىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى نۇرغۇن جانلىق، جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى يۇقىرى بولغان دېلو مەسىلىلىرى ئارقىلىق خىزمەتلەرنى شەرھلەپ، خەلق ئاممىسىنى ئىككى ئالىي مەھكىمە خىزمىتى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە قىلغانلىقىدا، شۇنداقلا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھەققىي ھېس قىلدۇرغانلىقىدا. دوكلاتتا دىققەت جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، توسۇق نۇقتا، ئاغرىش نۇقتىلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئاما نېمىگە كۆڭۈل بۆلسە شۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇلۇپ، ئاما نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئاما نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ ئالغا سىلجىتىلىپ، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسى كۈچەيتىلىپتۇ.

ئەزا مىڭ چىڭسەي مۇنداق دېدى: ئىككى ئالىي مەھكىمە دوكلاتىنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئاددىي ـ سادىدا، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلگەن بولۇپ، قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش ھېسسىياتى تولۇق نامايان قىلىنىپتۇ. بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئىككى ئالىي مەھكىمە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سىستېمىسى ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنى يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش چوڭ ۋەزىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە چېتىلىدىغان جىنايەتلەرنى قانۇن بويىچە جازالاپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئەزا خې چېڭگاڭ مۇنداق دېدى: قانۇنچىللىق ئەڭ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پۇقراۋى كارخانىلارنى باراۋەر قوغداشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ، تىرىشىپ ياخشى قانۇنچىللىق مۇھىتى يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ كۆزلىمىسىنى مۇقىملاشتۇردى. تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ پۇقراۋى كارخانىلارغا چېتىشلىق جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى «ئېسىپ قويۇلغان دېلو»لارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش سالمىقىنى زورايتىپ، قېپقالغان مۇھىم، زور، چىگىش «ئېسىپ قويۇلغان دېلو»لارنى مەركەزلىك ئۆزگەرتىشكە ھۇجۇم قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەزا باغدۆلەت مۇنداق دېدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىدە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنغان، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، خەلقنىڭ ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا پايدىلىق، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي ياخشى قوغداش، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

ئەزا گۈەن فاڭفاڭ مۇنداق دېدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەققىي قوغداش، جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش چىقىش قىلىنىپ، ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇندا بەلگىلىنىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ـ مەنپەئەت كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ، جەزمەن خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش پۇختا قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ. بىز سىياسىي كېڭەشنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىك فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا نازارەت قىلىش خاراكتېرلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كېڭەشىش، سۆھبەتلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە تۈرتكە بولىمىز.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى، خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ پۇختا، كۈچلۈك ھەرىكەت ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخكىسى، بوششىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي تۈگىتىپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى قەتئىي مۇستەھكەملەش كېرەك. خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەت تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، پورت ھەم تۆمۈريول، تاشيول، ئايرودۇرۇم قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. كۆندىلىك، دائىملىق بولۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىلمىي، ئېھتىياتچان بولۇپ، نۇقتىلىق ئورۇن ۋە كارخانا، ئىدارە، مەھەللىلەردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر جەڭ ئالدىدىكى ھالەتنى ساقلاپ، دوختۇرخانا ئىچىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش بويىچە «تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈش» «تەكشۈرۈشنى خالىسىلا ھەممىسىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىكى قوماندانلىق، ھەرىكەت، كاپالەت سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. باج ۋە ھەقنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۇل مۇئامىلە مەدەتنى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك ئۇرغۇتۇش كېرەك. تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستېمالنى كېڭەيتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، تاشقى سودىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا پائال تۈرتكە بولۇش كېرەك. يازلىق ئاشلىق يىغىۋېلىش، تېرىش، پەرۋىش قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، كۈزلۈك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ئالدىن ياخشى ئىشلەش كېرەك. كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەيدىغان، ئاماما ئالدىنى ئالىدىغان، ئاماما تىزگىنلەيدىغان ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ ۋە پۇختىلاپ، ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، جاۋ چۈنجيۇ، جاۋ چىڭ، ۋاڭ مىڭشەن، مەڭلىك سېيىت، ياڭ يۇڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.